# تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش  ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگونىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 2 ـ بەتتە)

بەش يىلدا، بىر قاتار بەلگە خاراكتېرلىك، ئاچقۇچلۇق، يېتەكچى خاراكتېرلىك ئىسلاھاتلار ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتتى: دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا «كىشىلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى قوغدالغاندىلا، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆز مەركەزنىڭ ھۆججىتىگە كىرگۈزۈلدى، يېزا يەرلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ئىبارەت «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش» مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، سوت قىلىشنى مەركەز قىلغان جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلدى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەركەز تەڭشەش تۈزۈمى ئورنىتىلدى...

يېقىندا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى پەيتىدە، مەركەز تىزىملىك بويىچە تۈركۈملەپ ھوقۇق بېرىش شەكلى ئارقىلىق شېنجېنغا مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ كۆپ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقى بەردى، 27 ئىسلاھات تەدبىرى ۋە تۇنجى تۈركۈمدە ھوقۇق بېرىلگەن 40 ئىش تۈرىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويدى.

بەش يىلدىن بۇيان ئېچىۋېتىش، يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى بوشلۇق ئېچىلدى ——

«ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ ئۆتكەن 40 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك».

2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرىنىڭ 2018 ـ يىللىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىرادىسىنى شەرھلىدى.

138 دۆلەت ۋە 30 خەلقئارا تەشكىلات بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق ھۆججىتىدىن جەمئىي 200ى ئىمزالاندى، 21 ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىندى، يەر شارىۋى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى رەت تەرتىپى 2019 ـ يىل 31 ـ ئورۇنغا ئۆرلىدى، ئىككى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى... بەش يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يۈزلەندى، ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تېزلىتىلدى.

بۇ يىل پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇم يامرىغان ۋەزىيەتتە، گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسى بۇلۇت تورمىنالىغا چىقىرىلغاندىن تارتىپ مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى، ئىمپورت كۆرگەزمىسى قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر، جۇڭگو ئارقا ـ ئارقىدىن مۇھىم، زور خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

«دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك»، بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا، يېڭى مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى ـ تاشقى تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلمىي ئىگىلەپ چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر.

«دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى بازىرى ۋە خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.» بۇ يىل 7 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا بايرىقى روشەن ھالدا قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى.

### خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلققە بەخت يارىتىش، ئومۇمىي خەلقنى يېتەكلەپ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ ئاتلىنىش

بىر تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە قانچە يىل كېتىدۇ؟

سىچۈەننىڭ دالياڭشەن تېغىدىكى تىك يار ئۈستىگە جايلاشقان ئاتۇلېر كەنتىدىكىلەر بۇ يەردە ئەۋلادمۇئەۋلاد نەچچە يۈز يىل ياشىغان. 2016 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن بۇرۇن، كەنت ئاھالىلىرى سىرتقا چىققاندا پۈتۈنلەي «پەلەك شوتىسى»غا تايىناتتى.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىش ھالىتىنى كۆرۈپ، ناھايىتى بىئارام بولدۇم.» 2017 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لياڭشەن ئوبلاستىدىكى «تىك قىيا كەنتى»گە ئالاقىدار تېلېۋىزىيە خەۋىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا بۇ سۆزنى قىلدى.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كەنت ئاھالىلىرى ئاخىر تاغدىن چۈشتى.

84 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە، جەمئىي 344 ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن جاۋجۆ ناھىيەسى بازىرىغا جايلاشقان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلدى.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېشىدىن بېسىپ تۇرغان «نامراتلىق چوڭ تېغى»دىن ئاخىر ھالقىپ ئۆتۈلدى.

پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلەندى.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەۋقە ۋە مەقسەت.

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشمايدىغان كۈرەش نىشانى قىلىپ، تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىمەن بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش جەريانىدا تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

—— يۇگۇڭنىڭ ئىرادىسىنى تىكلەپ، ئاتاكا سىگنالىنى ياڭرىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ھەل قىلغۇچ جەڭ باسقۇچىغا كىرىشكە يېتەكلىدى.

نامراتلىق «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك.

2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلىتىمىز يېزىلىرىدا يەنە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 54 مىليون 330 مىڭ نامرات نوپۇس بولۇپ، غەربىي قىسىمدىكى كۆپ ساندىكى ئۆلكىلەردە نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتى 7%تىن ئاشاتتى، نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، نامراتلار سانىنى ئازايتىش تەننەرخى يۇقىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ ئىدى.

بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچلەر جەڭگە ئاتلاندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. بەش يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ زېھنىي كۈچىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلغىنى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بولۇپ، ھەر يىلى بىر قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنى ئېچىشتا چىڭ تۇردى، نامرات رايونلارغا سىجىل، داۋاملىق چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نامرات كەنتلەرگە بىر ـ بىرلەپ بېرىپ نامراتلارنى زىيارەت قىلىپ، ھال ـ ئەھۋال سوردى، نامرات ئاممىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى.

شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەشتىن تارتىپ ئېغىر نامرات رايونلاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىشقىچە، يەنە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىشقىچە، ھەر قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدىكى مۇھىم تۈگۈن، ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ تېخىمۇ ئېنىق پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېخىمۇ دەل جايىدا تەدبىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

مەركەز بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئۆلكە باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شەھەر، ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان خىزمەت مېخانىزمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، 2017 ـ يىلدىن باشلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك يىغىنغا قاتنىشىپ، ئۆلكە دەرىجىلىكتىن ناھىيە دەرىجىلىككىچە بولغان كادىرلارغا بىۋاسىتە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بەش يىلدا جەمئىي 2 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق 1 ـ شۇجى ياكى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى؛

باش شۇجى باشتىن ـ ئاخىر غېمىنى يەپ كېلىۋاتقان «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تا، نامرات نوپۇس 2017 ـ يىلىدىكى 3 مىليون 50 مىڭدىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 430 مىڭغا ئازايدى؛

باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» مەسىلىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى...

«13 ـ بەش يىل»نىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا، دۆلىتىمىزدە نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتى 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 5.7%تىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 0.6%كە تۆۋەنلىدى. ھازىر، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن 52 نامرات ناھىيە ۋە 1113 نامرات كەنت ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىق قورغىنىغا ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىماقتا.

بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ 75 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك مۇنداق جاكارلىدى: «بىزنىڭ قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا، ‹بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى›دىكى نامراتلار سانىنى ئازايتىش نىشانىنى مۇددەتتىن ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار».

—— دىققەت خەلق تۇرمۇشىدىكى «كىچىك ئىشلار»غا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلىنىپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى سۈپىتى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى، بەخت تۇيغۇسى تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىندى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شىمالدىكى رايونلاردا قىش پەسلىدە پاكىز ئىسسىنىش ئالغا سىلجىتىلدى، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش يولغا قويۇلدى، ياشانغانلار ساناتورىيەلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى...

2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، «13 ـ بەش يىل» يىرىك پىلان پروگراممىسىدا بېكىتىلگەن 165 تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ساقلاش بىلەن بىللە، تېخىمۇ مۇھىمى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغاننى ئالدىراپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇشتا سىجىل يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك».

دىققەت ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىيىنلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «كىچىك ئىش»لارمۇ چوڭ ئىش قاتارىدا بېجىرىلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، قايتا ـ قايتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ تەدبىر تۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتى:

بەش يىلدىن بۇيان، شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار جەمئىي 60 مىليوندىن ئاشتى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، يېڭى كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى؛

بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەپە ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا تەخمىنەن 23 مىليون يۈرۈش ئۆي سېلىش باشلىنىپ، 50 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ «كەپە ئۆيدىن چىقىپ بىناغا كىرىشى»گە ياردەم بېرىلدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 38 مىليوندىن ئارتۇق قىيىنچىلىقى بار ئامما ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كىردى، 22 مىليونغا يېقىن قىيىنچىلىقى بار ئامما ئىجارە ياردەم تولۇقلىمىسى ئالدى؛

بەش يىلدىن بۇيان، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 99.8% مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئۆلچەمگە يەتتى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچىلار نۆللەشتۈرۈلدى؛

بەش يىلدىن بۇيان، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايدى، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنىڭ كارىۋات سانى 7 مىليون 610 مىڭدىن ئاشتى، 30 مىليونغا يېقىن ياشانغان كىشى ياشانغانلار ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى؛

بەش يىلدىن بۇيان، ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلدى، 2019 ـ يىلى دۆلىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى 77.3 ياشقا يەتتى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى مۇقىم ھالدا 95%تىن يۇقىرى بولدى، ئاساسلىق ساغلاملىق كۆرسەتكۈچى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇرا، يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

بەش يىلدىن بۇيان، دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە، ئىسلاھات بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىدى، بىر تۈركۈم مۇھىم قانۇنلار ۋە قانۇن مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار قارارلار ئارقا ـ ئارقىدىن تۈزۈلدى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ماقۇللاندى، ۋاكسىنا باشقۇرۇش قانۇنى ئېلان قىلىندى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى...ئىلمىي قانۇن چىقىرىش، دېموكراتىك قانۇن چىقىرىش، قانۇن بويىچە قانۇن چىقىرىش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى.

—— خەلق ھەممىدىن ئەلا، ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، چوڭقۇر خەلقچىل ھېسسىيات نامايان قىلىندى.

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سائەت نۆلدە، چىڭداۋ شەھىرىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئاساسەن تاماملاندى، بەش كۈندە ئېلىنغان ئەۋرىشكە 10 مىليون 890 مىڭدىن ئاشتى.

«خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايمىز!» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى قەتئىي، كۈچلۈك بولدى.

ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز ئۇرۇشنى كەسكىن باشلىدى.

10 مىليون نوپۇسى بار چوڭ شەھەر ۋۇخەندىن ئايرىلىش يولىنى تاقىدى؛ 40 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىم كېچىلەپ تېز بېرىپ ياردەم بەردى؛ 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدى.

تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا 30 نەچچە سائەت بولغان بوۋاقتىن 108 ياشلىق ياشانغان كىشىگىچە، ھەربىر ئاغرىقتىن ۋاز كەچمىدى؛ مەملىكەت بويىچە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ كىشى بېشى داۋالىنىش خىراجىتى 23 مىڭ يۈەن، بىر قىسىم خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ داۋالاش خىراجىتى نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يەتتى ھەتتا مىليون يۈەندىن ئاشتى، ھەممىسىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى...

سەممىي مۇھەببەت ئەسلىي مەقسەتنى نۇرلاندۇردى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلى پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان تۇنجى بەش يىل، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يۆنىلىش ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، پىلان تۈزۈلىدۇ.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلىساقلا، بىز جەزمەن يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزە يارىتىپ، يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(مۇخبىرلار جاۋ چاۋ، چى جۇڭشى، ئەن بېي، چېن ۋېيۋېي، خۇ شۆجىك)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن قىسمەن دائىرىدىكى يۇقۇمنى كونترول قىلىش كېرەك. مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تارقىلىش يوللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈزۈۋېتىپ تاشلاپ، يامراپ كەتمەسلىككە، كېڭىيىپ كەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەقسىملەشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈم سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا ئايرىپ تېببىي كۆزىتىشنى يولغا قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ «قاراۋۇل»لۇق ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاچقۇچلۇق ئورۇن، مۇھىم سورۇن ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پورتلاردا سەھىيە كارانتىن قىلىش، سوغۇق زەنجىرسىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش، چىڭىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىپ، ئاممىۋى تىزگىنلەپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، بوشلۇق قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق كېرەك.

بەشىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى تىرىشىپ كۈچەيتىش كېرەك. پائال تۈردە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇم ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە دائىر ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى يۇقۇمنى توغرا تونۇش، ئىلمىي مۇداپىئەنى ياخشى ئىشلەش، ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەقىل ـ پاراسىتى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بىلەن «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.